# سەلەي چاققان لەتىپلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(17)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۆچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

17



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز
ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (17)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سىرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇ-
پلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋاپچى،
ئەلنەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئېگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئېچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشى-
گە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۆلۈپ، زېمىنى-
غا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قول-
چوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەركەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۇزۇكسىز بېيىپ، ئۇزۇكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۇزۇكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل ـــ لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاشىشاپ، گەيجاڭ، يا-
ساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا-
دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيومىلار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردا-
نىلىرى ـــ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قا-
تارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملى-
شىپ كېلەلىگەنلىكى، تۇزۇلۇشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ـــ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئى-
گىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۇزۇكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگە-
شىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۇۋرۇك ۋە ئا-
ساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن
ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تې-
خىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا تو-
قۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە
يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپى-
لىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس
خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان
لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ
ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ
پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان
پورترېتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن
سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار،
رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم
بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن
بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

## مۇندەرىجە


پولو ئېتىپ يېسىلە بولمامدۇ؟ ........... 2

«شۇم خەۋەرچى، پارازىت» دەيدۇ ........... 4

سەلەي چاققان نوچى ........... 6

ئەتە كېلىپ يەل بېرىۋالسىلا ........... 8

كىچىك بالىنى دوراش ........... 10

ساقال دورا بولۇپ ........... 12

چاشقان ئېلىپ قاچتى ........... 14

يۇرتقا نەزىر بېرىۋەتسىلە ........... 16

ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىم؟ ........... 18

باجگىر مىكىن دەپتىمەن ........... 20

توخۇ بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن ........... 22

سەۋەب دېگەن شۇ ........... 24

باج تۆلەش ........... 26

ئېگىز تەرىپىنى كەستىم ........... 28

شەيتان ئازدۇرىدۇ ........... 30

ئاجايىپ ئەقىل ........... 32

پوزا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى ........... 34

سەۋزە تېرىسىلا ........... 36

ئۈچىنچى شەخس ........... 38

چىشىمنىڭ كامىرى بار ........... 40

## پولو ئېتىپ يېسىلە بولمامدۇ؟

سەلەي چاققان قومۇلدا كۆكتات سېتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ساددا چوكان دۇكان ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، ئېرىم بىر يىل ئىلگىرى بەرەڭگى سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەنچە، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. سىلى كۆردىلىمۇ؟ قاچانغىچە ساقلارمەن؟

— ۋاي، سىلى نېمىدېگەن ئەخمەق، شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدىلا؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇنىڭ بەرەڭگىسىنى ساقلاپ تۇرماستىن، ئۆزلىرى سەۋزە سېتىۋېلىپ پولو ئېتىپ يېسىلە بولمامدۇ؟





## «شۇم خەۋەرچى، پارازىت» دەيدۇ

ئامبال سەلەي چاققاننىڭ راۋابنى ياخشى چالىدىغانلىقىغا ھەسەت قىلىدىكەن. بىر يىلى سەلەي چاققان باغچىدا ئامبال بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قارىسا، بىر توپ قارا قۇشقاچ (قارىغۇجا) دەرەخ شاخلىرىدا «ۋىچىر ـ ۋىچىر» قىلىپ سايراپ ئوينىشىۋاتقۇدەك. ئامبال قۇشلارنى كۆرسىتىپ:

ــ قارىسىلا، سەلەي چاققان، ئاشۇ قۇشلار بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇستا راۋابچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىشىنەملا؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئىشىنىمەن، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

بىردەمدىن كېيىن بىر قاغا «قاق، قاق» قىلىپ ئۇچۇپ كېلىپ بىر دەرەخكە قونغانىكەن. ئامبال:

ــ ئۇ نېمە قۇش؟ ــ دەپ سوراپتۇ، سەلەي چاققان قاغىنى كۆرسىتىپ مەنىلىك قىلىپ:

ــ جانابلىرى، بىلەملا، ئاشۇ قاغا ھەقىقەتەن ماھىر نەغمىچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خەق ئۇلارنى «شۇم خەۋەرچى، پارازىت» دەيدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئامبالنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



# سەلەي چاققان نوچى

سەلەي چاققان ئوردىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، يامۇلدىكى چاۋۇشلار داۋاملىق راۋاقتىن پەسكە قارىشىپ، ئەخلەت توشۇۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ مازاق قىلىشىپ كۈلۈشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر چاۋۇش:

— قانداق قىلساق ئاۋۇلار بىزنى «نوچى» دەپ چاقىرىدۇ، — دەپتۇ.

— تەڭگە پۇل چاچساق.

— ياق، تىللا چاچساق.

ئەمما ھېچكىم بىر - بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. ئۇلارنىڭ غوۋغاسىنى ئاڭلاپ تۇرغان سەلەي چاققان:

— ئەمىرلىرىم، بولدى تالاشماڭلار، مۇشۇ تاپتا پېقىر ھەرقايسىڭلارنى بۇ ئېگىز راۋاقتىن تۆۋەنگە ئىتتىرىۋەتسەم، ئاشۇ پۇقرالار خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي «سەلەي چاققان نوچى!» دەپ توۋلايدۇ، — دەپتۇ.





# ئەتە كېلىپ يەل بېرىۋالسىلا

سەلەي چاققان بۇلاقسۇ بازىرىغا بېرىپ خەت يازدۇرماقچى بولۇپ، بىر پۈتۈكچىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پۈتۈكچى سەلەي چاققاننى ئەخمەق قىلىش نىيىتىدە:

— سەلەيكا، خەتنى تولا يېزىپ، بۈگۈنكى يازىدىغان خېتىم تۈگەپ قالدى، ئەتە كەلسىلە! — دەپتۇ.

سەلەي چاققانغا بۇ ئىش ئېغىر كېلىپ، گەپ قىلماي ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ھېلىقى پۈتۈكچى بىر ئەبجەق ۋېلىسىپىت بىلەن سەلەي چاققاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ۋېلىسىپىتىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بوسۇغىدا تۇرغان سەلەي چاققاندىن:

— سەلەيكا، ناسوسلىرىنى بېرىپ تۇرغان بولسىلا، ۋېلىسىپىتىمغا يەل بېرىۋالسام، — دەپتۇ. سەلەي چاققان پەيتى كەلگىنىنى بىلىپ:

— مىرزا جانابلىرى، بۈگۈن تولا يەل بېرىپ ناسوسنىڭ يېلى تۈگەپ قالدى، ئەتە كېلىپ يەل بېرىۋالسىلا، — دەپ كىرىپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىچىك بالىنى دوراش

بەگ، قازى، يۇرت چوڭلىرى ئوردىغا يىغىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار سەلەي چاققاننىڭ بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا قانداق قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسەم بولىدىكىن؟

مېھمانلار كىچىك بالىنىڭ قىلىقلىرىدىن بىرەرسىنى دوراپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

سەلەي چاققان مېھمانلارنىڭ زىياپەتكە كىيىپ كەلگەن يېڭى تون - سەرپاي ۋە ئاپئاق سەللىلىرىنى ئاپتۇ - دە، ئۇستى - ئۇستىلەپ كىيىپتۇ. سەللىلەرنى بېشىغا يۆگەپتۇ، ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭگە پالاقىدە سەكرەپتۇ - دە، پىلتىڭلاپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. قاپقارا لايغا مىلەنگەن تون - سەرپايلارنى كۆرگەن بەگ، قازى، ئاخۇنلار بۇنىڭغا چىدىماستىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

## ساقال دورا بولۇپ ...

قەشقەرنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر كىشىنىڭ تېۋىپلىقتا نامى چىقىپ، داڭقى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە بەگ قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، تېۋىپلا بولسا چاقىرتىپ يۈرگەن ئىكەن. داڭقى چىققان تېۋىپقىمۇ دەررۇ ئايغاقچى ئەۋەتىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ تېۋىپ «ماڭا ھارۋىدا يول ئازابى ئېغىر كېلىدۇ» دەپ كەلمەپتۇ. بۇنى بىلگەن بەگ گەپ بىلەن بولسىمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ سەلەي چاققاننى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. سەلەي چاققان: «پەرمان يېزىپ بەرسىلە» دەپتۇ. ئۇ پەرماننى ئېلىپ، داڭلىق تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تېۋىپ پەرماننىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى ئوقۇپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۆزۈن ئاق ساقىلىدىن ئۈچ تال يۇلۇپ بېرىپتۇ. ئىشنىڭ كۆتكىنىدەك بولغىنىدىن مەمنۇن بولغان سەلەي چاققان ئۇنى ئېلىپ كېلىپ بەگنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپتۇ بەگ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— ئۆزلىرى يازغان پەرماندا: «كەلمىسە، ساقىلىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كېلىنسۇن» دېيىلگەنىكەن. ساقال دورا بولسا كېرەك، دەپ بىچارىنى چىقىرتىپ يۈرۈپ، ساقىلىدىن يۇلۇپ كەلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بەگ غەزەپ بىلەن:

— ھەممىڭ كاززاپ، تۇزكور! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.



# چاشقان ئىلىپ قاچتى

سەلەي چاققان كۈن كەچۈرۈش كويىدا مەھەللىدىكى باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، باي پىلىكتە بۇرۇتىنى مايلاپ، نامازغا يىغىلغان جامائەت ئالدىدا:

ــ بۈگۈن بىزنىڭ مەزلۇم ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپتىكەن، بىر لېگەن ئاشنى قويماي يەۋەتتىم، ــ دەپ ماختىنىپتۇ. بۇنداق ماختىنىش ئايدىن ـ ئايغا، يىلدىن ـ يىلغا داۋاملىشىپتۇ.

بىركۈنى باي ئادىتى بويىچە مايلانغان بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ماختىنىۋاتقاندا، باينىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار بولغان سەلەي چاققان قولىدىكى قۇرۇق لېگەننى تاراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپ:

ــ ئەستاغپۇرۇللا، يامان بولدى... ــ دېگىنىچە هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

چۆچۈپ كەتكەن باي:

ــ هەي سەلەي، نېمە بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان كىشلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

ــ باي ئاكا، بۇرۇتلىرىنى مايلايدىغان پىلىكنى چاشقان ئىلىپ قاچتى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# يۇرتقا نەزىر بېرىۋەتسىلە

سەلەي چاقىقان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر باي ئادەم كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، سىلىنى كېسەل كۆرەلەيدىكەن دەپ ئاڭلاپ كېلىشىم. ئۇزاقتىن بۇيان مەن ئۆزۈمنى «توخۇ»دەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ نېمىدىن بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بېخىل باي.

— بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاقىقان.

— تەخمىنەن بىر يىلدەك بولدى.

— نېمىشقا بالدۇرراق كېلىپ كۆرۈنمىدىلە؟

— ۋاقتىدا كەلمەكچىدىم، بىراق ئايالىم «بىزگە تۇخۇم كېرەك» دەپ ماقۇل بولمىدى، — دەپتۇ باي.

— ئامال يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان پىخسىق باينىڭ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، — تېزراق ئۆيلىرىگە بېرىپ، توخۇدىن توققۇزنى ئۆلتۈرۈپ يۇرتقا نەزىر بېرىۋەتسىلە.



# ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىم؟

سەلەي چاققان مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىر بايۋەچچە بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. بۇ بايۋەچچىنىڭ پۇل - مېلى كۆپ بولسىمۇ، بىلىمى يوق ئىكەن. لېكىن، دائىم ئۆزىنى نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسى دەپ ماختاپ يۈرىدىكەن. بىركۈنى ئۇ:

— سەلەي ئاخۇن، دەپ باقسىلا، ئەڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلشىر نەۋايى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئۇ ئۇنچىۋالا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمىگەنغۇ؟

— ياق، بايۋەچچە، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىز ئوقۇپ ئۆگىنىۋاتقان قولىمىزدىكى بۇ قېلىن كىتابلارنى ئەلشىر نەۋايى يازغان، ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى - دە.

بايۋەچچە ئىزا تارتقىنىدىن تىنالماي قاپتۇ.



## باجگىرمىكىن دەپتىمەن

سەلەي چاققان بۇلاقسۇ بازىرىدا باققاللىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ناتونۇش بىرى ئۇنىڭغا:

— ماۋۇ سومكا يېنىلىرىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، قايتىشىمدا ئېلىۋالارمەن، — دەپتۇ ـ دە، بىر تىيىنمۇ بەرمەي كېتىپ قاپتۇ. بىرقانچە كۈنگىچە ئادەم كەلمەپتۇ.

سەلەي چاققان ھەپتە بولغاندا سومكىغا لىق شاپتۇل قاچىلاپ، ھېلىقى كىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. بىراق، سومكىنى قويغان كىشى كەلمەي، ئۇنىڭ ئىنىسى كەپتۇ. سەلەي چاققان سومكىنى تەڭلەپتۇ.

— ياق، مەن شاپتۇل ئالمايتتىم. ئاكام سومكىنى ساقلاشقا قويۇپتىكەن، سىلىنى ئاۋارە قىپتۇق، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— مەن سىلىنىڭ ئاكىلىرىنى باجگىرمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن.





# توخۇ بىلەن سۆزلىشەلەيمەن

سەلەي چاققان شەھەردە بىر سودىگەرنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرسا، بىر كۈرۈك توخۇنى قولتۇقىغا قىسىۋالغان بىر بەگ كىرىپ كەپتۇ.

سەلەي چاققان ھەيران بولۇپ:

— سىلى نېمىشقا ئىت بىلەن بىللە يۈرۈيلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، سىلى خاتالاشتىلا، بۇ ئىت ئەمەس، توخۇ، — دەپتۇ بەگ.

سەلەي چاققان تېزلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— بىلدىم، مەن توخۇ بىلەن سۆزلىشەلەيمەن.





## سەۋەب دېگەن شۇ

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشمىلىق[1] تىكى بىر باي كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، بىر سەۋەب قىلسىلا، يېقىندىن بۇيان كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

— باي ئاكا، ئۆتكەن قېتىم مەن سىلىگە «ئۇخلىيالمىسىلا ساناق ساناپ ياتسىلا» دېگەنىدىمغۇ، سىلى شۇنداق قىلىپ باقتىلىمۇ قانداق؟

— ۋاي، شۇنداق قىلدىم ئۇكام، بىردىن تارتىپ تاكى يەتتە تۈمەن 777 گىچە ساندىم.

— ئاندىنچۇ؟ ئۇخلاپ قاپلىمۇ؟

— ۋاي، ياق، — دەپتۇ باي، — ساناپ بولۇپ قارىسام تاڭ ئېتىپتۇ.

— ھەببەللى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سەۋەب دېگەن شۇ.



① كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇرت نامى



## باج تۆلەش

سەلەي چاققان بازار كۈنى ئاشلىق بازىرىدىن بىر تاغار گۈرۈچنى سېتىۋېلىپ يۈدۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا باجگىر كېلىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، ئاۋۋال باج تاپشۇرسىلا، بولمىسا گۈرۈچنى ساتقۇزمايمىز، — دەپتۇ.

— باجگىر ئۇكام، بۈگۈن بۇ گۈرۈچنى ساتمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يەتتە ئايلىق بولغان بالام بار ئىدى، شۇ بالامنىڭ ئات قويۇش تويىغا ئىشلەتمەكچىمەن.

— تۇغۇلمىغان بالىغا قانداق ئات قويغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باجگىر.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ساتمايدىغان مالغا قانداق باج تۆلىگىلى بولسۇن؟!





# ئېگىز تەرپىنى كەستىم

سەلەي چاقچاق ئىشىك ئالدىدا كەكە بىلەن قوزۇق ياساپ ئولتۇرسا، بىر ئىشان كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ياغاچچىلىقنىمۇ بىلىدىكەنلا، مۇنۇ ھاسا بىر غېرىچ ئېگىز ئىكەن، زىيادىسىنى كېسىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

سەلەي چاقچاق ھاسىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئۈستى تەرىپىدىكى ئەگمە تۇتقۇچتىن بىر غېرىچ كېسىپ تاشلاپتۇ ـ دە، ئىشاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئىشان ھەيران بولۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، تۇتقۇچنى كېسىپ تاشلاپ، ئېشەك ھەيدەيدىغان تاياق قىلىپ قويۇپلىغۇ؟ — دەپ رەنجىپتۇ.

— ھاسام ئېگىز دېگەنتىلە، ئېگىز تەرىپىنى كەستىم شۇ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.





# شەيتان ئازدۇرىدۇ

بىركۈنى سەلەي چاققان بازارغا مېڭىش ئالدىدا، خوتۇنى:

— سەلەي ئاخۇن، بازاردىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىلە، كەچ قالسىلا يولدا شەيتان ئازدۇرىدۇ، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان باش لىڭشىتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كەچتە خوتۇنى ئۇنى سىناش ئۇچۇن باشقىچە ياسىنىپ، يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ئايالىنىڭ ئويۇننى تويۇپ قالغان سەلەي چاققان چاندۇرماي ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ.

— يولدا شەيتان ئۇچرىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ.

— ھەئە، ئۇچرىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋاب بېرىپ، — بەكمۇ سەت بىر شەيتان ئىكەن، قارىماي ئۆتۈپ كەتتىم.





# ئاجايىپ ئەقىل

سەلەي چاققان يامۇلدا ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قولىغا بىر ئالاقە تېگىپتۇ. بۇ ئالاقە مانجۇ ئەمەلدارلىرىدىن كەلگەنىكەن. ئۇ ئالاقىنى سۇنۇپ ھەربىي ئەمەلدارغا بېرىپتۇ:

— ياخشى، ياخشى، چوقۇم جىددىي يولىيورۇق بار، — دەپتۇ ھەربىي ئەمەلدار، — قېنى، سەلەي چاققان، سەن بۇنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەر!

— سېنىڭ دۆتلۈكۈڭ ۋە ئىقتىدارسىزلىقىڭدىن بۇ زېمىندا پۇقرالارنىڭ غەلىيانى توختىمىدى. بىز قۇيرۇقىمىزنى قىسىپ تىكىۋېتىشكە تاس ـ تاس قالدۇق. سەن بەئەينى بىر چوشقا ئىكەنسەن... — دەپ ئوقۇپتۇ سەلەي چاققان.

— بۇ بىر مەخپىي ئالاقە ئىكەن، ئۇنى تېز تەرجىمە قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ھەربىي ئەمەلدار.

سەلەي چاققان ۋە مەيداندىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.





# پوزا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى

سەلەي چاققاننىڭ ئاكىسى ياقا يۇرتقا كەتكەنىكەن، ئۇ قايتىپ كېلىپ قارىسا، سەلەي چاققان پېشانىسىنى تېڭىۋېلىپ ئولتۇرغۇدەك.

— ئۇكام، پېشانەڭگە نېمە بولدى، تېڭىۋاپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.

— تۈنۈگۈن هويلىدا هەرە چېقىۋالدى.

— بەللى ئۇكام، هەرە چېقىۋالغۇچە تۈيمىدىڭمۇ؟

— تۈيغان، تۈيۈپ بولغۇچە ئايالىم پوزا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# سەۋزە تېرىسىلا

سەلەي چاققاننىڭ قوشنىسى «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان» بېخىل ئادەم ئىكەن. بىركۈنى ئۇ ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان سەلەي چاققانغا قاراپ:

— سەلەي ئاخۇن، سىلىنىڭ خېلى پەملىرى بار ئادەم، باغ يېرىمگە پىياز تېرىسام بولارمۇ ياكى سەۋزە تېرىسام بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆيدىكى توخۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋزىگە ئامراق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەڭ ياخشىسى سەۋزە تېرىسىلا.





www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى شەخس

سەلەي چاققاننىڭ ئائىلىسى ناھايىتى ئۆم - ئىناق، كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىزىقچىلىقى بار ئىكەن. بىركۈنى ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئايالى تام بولۇڭىدىكى ئۈچ كىچىك كېپىنەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇلار چوقۇم بىر جۈپلەر، — دەپتۇ.

— جۈپ بولسا نېمە ئۈچۈن كېپىنەك ئۈچ بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ ئوغلى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى چوقۇم ئۈچىنچى شەخس، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ.





# چىشىمنىڭ كامىرى بار

بىر يىلى سەلەي چاققاننىڭ چىشى بەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۆزى قانچە داۋالاپ باقسىمۇ ساقايماپتۇ. ئاخىر شەھەردىكى چوڭراق بىر شىپاخانىغا بېرىپتۇ. چىش دوختۇرى ئۇشكىنى قولىغا ئېلىپ:

— سەلەي چاققان، بولسىلا، ئاغزىلىرىنى ئاچسىلا! — دەپتۇ.

سەلەي چاققان ئاغزىنى ئاچقانىكەن، دوختۇر ئۇشكىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولۇپتۇ. شۇ پەيتتە ئۇ:

— رەھمەت دوختۇر، سىلى يەنە تەشمىسىلىمۇ بولىدۇ، ئۇ چىشىمنىڭ كامىرى بار، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜
吾尔亚提·尼亚孜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
责任印制：刘伟煜

| | |
|---|---|
| 书　名 | 漫画赛来·恰坎幽默与智慧(17)(维吾尔文) |
| 撰　文 | 乌其洪江·玉麦尔 |
| 插　图 | 阿迪力·阿布力孜 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com) |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026) |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 网　购 | 当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店 |
| 制　版 | 新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心 |
| 印　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　本 | 787 mm × 1092 mm　1/16 |
| 总印张 | 30 |
| 版　次 | 2015 年 11 月第 1 版 |
| 印　次 | 2016 年 6 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-7808-6 |
| 总定价 | 100.00 元 (全十册) |

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)

网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر
国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6
10.00元
总定价：100.00元(全10册)